ئوسمان قاۋۇل



# ئۇ مېنى قۇياشىم دېدى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئوسمان قاۋۇل

# ئۇ مېنى قۇياشم دېدى

( پوۋېستلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

她说"你是我的太阳"/吾斯曼·卡吾力著.—喀什：
喀什维吾尔文出版社,2006.1
ISBN 7-5373-1476-4

Ⅰ.她… Ⅱ.吾… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国
—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 007491 号

责任编辑:齐曼古丽·阿吾提
责任校对:阿尔祖姑丽· 斯迪克

她说"你是我的太阳"
(中篇小说集)
作者:吾斯曼·卡吾力

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本　7.125 印张　1 插页
2006 年 1 月第 1 版　2006 年 1 月第 1 次印刷
印数:1——3080　　定价:11.00 元

如有质量问题请与我社联系调换　电话:0998—2653927

本集子选录作者近年来所写的5篇中篇小说。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل سىدىق

# ئۇ مېنى قۇياشىم دېدى

(پوۋېستلار)

ئاپتورى: ئوسمان قاۋۇل


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 7.125 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2006- يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3080 —— 1

ISBN7 — 5373 — 1476 — 4
باھاسى: 11.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998



ئوسمان قاۋۇل 1962- يىل 9- ئاينىڭ 13- كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1984- يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى»دە مۇخبىر، ئەدەبىي بەت مۇھەررىرى، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 2001- يىل 4- ئايدىن ھازىرغىچە قاراماي ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «مايبۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1982- يىلى يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنىڭ «يېتىمە» ناملىق ھېكايىسىغا يازغان ئوبزورىدىن باشلانغان. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا 600

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


خۇش قال، باللىقىم ........................................ 1
ئىسسىق تۇپراق.............................................. 44
ئۇ مېنى قۇياشىم دېدى...................................... 85
سەرسان پەرىشتە ........................................ 136
پارچىلىنىش ........................................... 181

# خۇش قال، باللىقىم

شەرق تەرىپى قەدىمكى دەريانىڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان ئەگرى - بۈگرى قىنىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ كەڭ كەتكەن شالزارلىقنى ھاسىل قىلغان، كۆپكۆك چىمەنزارلارنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسىدەك سوزۇلۇپ ياتقان — مېنىڭ باللىقتىكى سۆيۈملۈك مەھەللەم، بىر قاراشقا بۇ مەھەللە شۇنچىلىك تىنچ، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي، راھەتبەخش تۇيۇلىدۇ. مەھەللە ئۈستىنى بىر قەۋەت نەمخۇش ھاۋا كېزىپ يۈرىدۇ. مەيلى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقتىكى ئورما ۋاقتىدا تەكشى ئىرغاڭلاپ تۇرغان ئالتۇن باشاقلىق بۇغدايزارلىققا قارىماڭ ياكى بىر تەرىپى ئاسمان پارچىسىدەك سۈزۈك جىلۋىلىنىپ تۇرغان تەبىئىي كۆلنىڭ يېنىدىكى كەڭرى خاماندا كۆكنى تىترىتىپ ئېيتىلىۋاتقان لاي - لاي ناخشىسىنى ئاڭلىماڭ، ھامان ئاشۇ نەمخۇش ھاۋا دىمىغىڭىزغا ئۇرۇلۇپ، سىزگە بىر خىل راھەت بېغىشلايدۇ.

كىشىلەر پىلىك ئېرىق دېيىشىدىغان، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ دۇغلىنىپ ئاقىدىغان ئىنچىكە ئېرىقنى سۆگەت تاللىرى ئاجايىپ سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەن بولۇپ، باغلارنىڭ ئەتراپى پۇتۇنلەي جاڭگالدىن بىر تۇپ - بىر تۇپتىن چىپىپ ئەكەلگەن ئاق يانتاق بىلەن قورشالغان. كۆزىڭىزگە مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈك، كۆك شاپتۇل، مۇناقى ئۈزۈملەر مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئەتە ئاخشاملاردا قوي - كالىلارنىڭ بەس - بەستە مەرەش - مۆرەشلىرى

مەھەللىنى بىر ئېلىپ سەھەردە خورازلارنىڭ چىللاشلىرى بىر كۈنلۈك ھاياتلىقنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ. قۇياش قىزغۇچ نۇرىنى تەكشى سېپىپ شەرق تەرەپتىكى دەريانى لاۋۇلداپ تۇرغان چوغدەك يالتىراتسا، يەلپۈنۈپ تۇرغان شالزارلىقنى يېنىك ئەللەيلەپ سىزگە بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. مەھەللىنىڭ غەربىدىكى قويۇق ئۆسكەن قوناقلىق، بېرىسىدىكى كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزلۇق سەھەر شەبنىمىدە يالتىراپ، قۇياشنىڭ بىر كۈنلۈك قۇتلۇق قەدىمىگە ئالقىش ياڭرىتىدۇ. قارلىغاچ يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ يەنە كۆككە شۇڭغۇپ تىنىمسىز ۋىچىرلاشقاندا ئېتىزدا تازا ئىش قايىنىغان چاغ بولىدۇ. كالىلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھارۋا سۆرىسە، قىپقىزىل چىلان تورۇقلار تېزگىنىنى كۈچەپ تارتىپ يوغان تاش تۇلۇقلارنى زەردە بىلەن سۆرەپ بۇغداي باغلىرى ئۈستىدە ئايلاندۇرىدۇ. قاداق بولۇپ قېتىپ كەتكەن قوللاردا ئۇزۇن تاسما قامچىلار، يۇلغۇندىن قىرىپ ياسالغان چوڭ - چوڭ ئارىلار، تۈن پەردىسىنى يىرتىپ يالتىرىغان تولۇن ئايدەك يوغان كەتمەنلەر پىرقىرايدۇ.

ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنىڭ پېشىنى يانغا قىستۇرۇۋالغان شوخ چوكانلار توم - توم ئۆرۈمە چاچلىرىنى تەكشى پۇلاڭلىتىپ، تىترەپ تۇرغان بەدەنلىرىنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ يىگىتلەرگە ياردەملىشىدۇ. باغلارنى ئۆرۈيدۇ ياكى قوتانلارنىڭ تېگىنى قۇرۇقداپ چارۋىلارنىڭ قىشلىق ئوت - چۆپى ئۈچۈن ئورۇن تەييارلايدۇ. ئۈستىگە سامان ئۇۋاقلىرى تەكشى يېپىلغان ئېرىق بويىدىكى دۇمچەك ئۈجمە سايىسىدا بىر توپ بالىلار ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ چۇرقىرىشىپ ئوينايدۇ، بىرلىرى قۇمدىن قارلىغاچ چاڭگىسى ياساشسا، بىرلىرى قۇمدىن پومزەك ئېتىپ ئېرىققا تاشلاپ «چولتوك» قىلغان ئاۋازدىن زوقلىنىپ كۈلۈشۈپ كېتىشىدۇ.

كۈن قايرىلغان چاغدا ئېتىز - خامانلاردىكى ئىشلار تېخىچە قىزغىن داۋام قىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئاپئاق مەرمەردەك پاقالچاقلىرىنى لىغىلدىتىپ، قوللىرىغا ئاياغلىرىنى ئېلىۋالغان قىز -

جۇۋانلار، مىستەك يەلكىلىرىگە بىر باغلامدىن ئوتنى ئارتىۋالغان بەردەم يىگىتلەر شەرق تەرەپتىكى شاللىقتىن قايتىشقا باشلايدۇ. ئۇلار كۈن قىزىپ كېتىشتىن ئاۋۋال شاللىققا بېرىپ ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى تۇرۇشكىنىچە شال ئوتاشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشىمۇ دەريادا سۇغا بىرھازا چۆمۈلۈپ قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈش، ئاندىن ئەتىگەن ئېلىۋالغان نانلىرىنى قېرى مالچىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ بىر تاۋاقتىن مۇزدەك قېتىققا چىلاپ ھۇزۇرلىنىپ يېۋېلىش بىلەن ئۆتىدۇ، ئۇخلىغانلىرى سۆگەت سايىسىدا چاپانلىرىنى غېرىبچە تاشلاپ بىر دەم ياتىدۇ. باشقىلىرى باراڭلىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىر - ئىككى قول قارتا ئوينىشىدۇ ياكى ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغان شاتۇتتىن ئۈزۈپ يېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھارغىن قەدەملىرى قۇمساڭغۇ يولدا ئېغىر - ئېغىر يۆتكىلىپ ماڭغاندا بالىلار قىزىقىپ ئۇلارغا قارىشىدۇ ۋە تېزرەك چوڭ بولۇپ ئاشۇلاردەك شال ئوتاشقا بېرىشنى، دەريادا ئەركىن ئۈزۈپ ئويناشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ بالىلىقىمدىكى سۆيۈملۈك مەھەللەم.

## 1

ئۆيىمىز مەھەللىنىڭ مەن ياخشى كۆرىدىغان شەرقى چېتىگىرەك جايلاشقان بولغاچقا، باشقا بالىلارنىڭ ئېرىشىشى مۇمكىن بولمىغان قىزىقچىلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتىم. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا يالاڭ ئاياغلىرىم بىلەن تالاغا چىقسام دەريانىڭ رىتىملىق شاۋقۇنىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلايتتىم. قۇياشنىڭ ئەتىگەنلىك نۇرى قويۇق تال باراڭلىرى ئارىسىدىن نەم تۇپىلىق ھويلىمىزغا تەڭگىدەك چوڭلۇقتا سانسىز شولىلارنى تاشلايتتى. مەن مۇزدەك ئېقىن سۇدا يۈزۈمنى يۇيۇپلا جاپاكەش ئاتا - ئانامنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە باشلايتتىم. ئاتام قېرىلىق يېشىغا يەتكەن، ئانام جاپالىق ئەمگەك دەستىدىن ئۇرۇقلاپ قورايدەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئاچام بولسا ئۆز

ئۆيىنىڭ جاپاسىنى يەتكۈچە تارتقىنىغا قارىماي، ئېتىزدا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئەمگەك قىلاتتى. ئاكام مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى بىلەن تىرىشىپ ئوقۇپ ئاخىر شەھەردىكى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەتكەنىدى. ئىنىم كىچىك ئىدى، شۇڭا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەن تەتىل ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىمدە يېزا مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانغاچ ئېتىز - ئېرىق ۋە ئۆيىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىشىمگە توغرا كېلەتتى. ئاتام ھېسابات ئىشلىرىغا پىششىق، ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان، ئىچى كۆچلۈك ئادەم بولغاچقا، تولا چاغلاردا ئەترەتنىڭ ھېسابات ئىشلىرى ياكى ئىسكىلاتقا قاراشتەك مەسئۇلىيەتچانلىقى كۆچلۈك ئىشلارغا قويۇلاتتى.

بۇ يىل مەھەللىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى تەرەپتىكى بوز يەر ئېچىلىپ تېرىلغان كۆزلەكنىڭ بۇغدىيى بەك ئوخشىغاچقا، ھۇسۇل ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ھەسسىلەپ كۆپ چىققانمىش. شۇڭا، ئەمگەك كۈچلىرى كۆپرەك تەشكىللىنىپ شۇ يەرگە مەخسۇس خامان ياساپ بۇغدايلارنى شۇ يەردىلا تېپىپ ئەكېلىپ ئىسكىلاتقا ئەكىرمىسە بولمىغۇدەكمىش.

يۇقىرىقى گەپلەر چىقىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاتام بىزگە 10 كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈكنى غەملەپ بېرىپ، قىلىدىغان ئىشلارنى ئانام بىلەن ئىككىمىزگە تاپىلىدى - دە، ئەزالار بىلەن بىللە ھارۋىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. كۈنلەر زېرىكىش ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەمدى تەتىلگە چىقىپ ئەركىن ئويناش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە ئاتامنىڭ يىراقتا كېتىپ قېلىشى نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە؟

ھەپتە ئۆتتى. تۇيۇقسىز مەھەللىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ھاۋا تۇتۇلۇپ تۇرۇم - تۇرۇم بولۇتلار پەيدا بولۇپ قالدى. ھەممەيلەن بۇ ھالقىلىق پەيتتە يامغۇر يېغىپ كەتمىسە بولاتتى، دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشتى. ئەگەر يامغۇر يېغىپ كېتىدىغان بولسا ئېتىز - خامانلاردىكى بۇغدايلار چىلىق - چىلىق سۇغا چۆمۈلۈپ دېھقانلارنىڭ بىر يىل تارتقان جاپاسى پۈتۈنلەي يوققا چىقاتتى. ئاخىر ئەندىشە

قىلغان ئىش يوز بەردى. ئاسماننى قىلىچتەك تىلىپ بىرنەچچە قېتىم كەينى - كەينىدىن چاقماق چېقىشى بىلەنلا چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى. مال - چارۋىلار پىتراپ قېچىپ قوتانلارغا ئۆزدـنى ئۇرۇشتى. بىردەمدىلا ھەممە ياق تۇمان قاپلىغان سۇ دۇنياسىغا ئايلىنىپ قالدى. يامغۇر پات ئارىدا توختايدىغاندەك قىلمايتتى.

تۈتىنچى كۈنى دەريانىڭ جەنۇبىدا ئېغىر يار ئېلىش ۋەقەسى كۆرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر مەھەللىگە تارقىلىپ، تاللانغان ئەمـگەك كۈچلىرى تۈركۈملەپ ئاتلىنىشقا باشلىغاندا ئاتام كۈزلەكتىن قايتىپ كەلدى. بىز ئۆيدىكى يامغۇر ۋەيرانچىلىقىدىن ئۆزىمىزنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىشتۇق.

قىزىق يېرى شۇكى، كۈزلەكتە بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغماپتۇ.

## 2

يار ئېلىپ كېتىش ۋەقەسىدىن كېيىن كۈزلەكتىكى بۇغدايلارنى كۈز كەلگۈچە شۇ يەردە ساقلاپ، ئىشلار بېسىققاندا يۆتكەپ كېلىدىغانـلىق توغرىسىدىكى گەپلەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇ يەردە يارنىڭ ئۇستىـدىكى كەڭ خامانىنىڭ چېتىگە كۆتۈرۈپ سېلىنغان بىر ئىسكىلاتمۇ بار ئىدى. تېپىپ قىزىل چەشكە ئايلاندۇرۇلغان توننا - توننا بۇغدايلار ئاشۇ ئىسكىلاتقا بېسىپ قويۇلغانىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئاتام ئىشىك ئالدىغا بىر كالتە مۇڭگۈزلۈك تاغىل ئۆكۈز قېتىلغان كۆتەك هارۋىنى ھەيدەپ كېلىپ توختاتتى - دە، ئۆيدىن يوتقان - كۆرپە، نان ۋە چۆگۈن قاتارلىق باشقا نەرسىلەرـنى ئاچىقىپ بېسىشقا باشلىدى. ئانام باغدىن ئېتىكىگە ئۈزۈپ چىققان شوخلا، مۇچ قاتارلىق كۆكتاتلارنى ياندىكى سۇپىغا تۆكۈپ تۇرۇپ ئاتامغا ئايانچلىق قاراپ قويۇۋىدى، ئاتام ئاستا ئانامنىڭ يېنىغا بېرىپ بىرنەرسىلەرنى دەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ئەسلىي ئاتامغا كۈزلەكتىكى ئىسكىلاتقا قاراش ۋەزىپىسى يۈكلەنـ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

گەنىكەن. شۇڭا، بۇ ھارۋىدا بىرىپ شۇ يەردە بىر مەزگىل كۆزەتچە-
لىك قىلىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ ماڭار ۋاقتىدا ئانامغا بەزى ئىشلارنى
تاپىلاپ قويۇپ ھارۋىنىڭ يېنىغا ئاستا باردى - دە، مېنى تۇيۇقسىز
كۆرۈپ قالغاندەك بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئانامغا بىر
قاراپ قويۇپ مېنى ھارۋىغا چىقىشقا بۇيرۇدى. ئاتامنىڭ مېنى ھەمە-
راھلىققا ئېلىۋالغۇسى كەلگەنىدى. مەن بەك خۇشال بولۇپ سەكرەپلا
ھارۋىغا چىقتىم. ئاتام ھېلىلا كىيسىپ قويغان سۆگەت چىۋىقنى قولىغا
ئېلىپ «چۇھ» دېدى - دە، ئېغىر ھارۋىنى ھەيدەپ سىرتقا ماڭدى.
مەن پات - پات ئارقامغا قاراپ قويۇپ ئىنچىكە بادرا بىلەن توقۇپ
ھويلا ئىشىكىنى قاشالاپ قويغان شاخشىغا يۆلىنىپ تۇرغان ئانامغا
قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتىم. پىلىك ئېرىقنى بويلاپ سوزۇلغان
بۇقا سۇيدۇكى يولدا كۆتەك ھارۋا ئاستا شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كېتى-
ۋاتماقتا.
ئوخشىغان شالزارلىق، شىلدىرلاپ تۇرغان قاپاق تېرەكلىك ۋە
سۆگەتزارلىق مەھەللە ئارقىدا قېلىپ، چىمچىلاقتەك پاتمىچۇقلار
پىرت - پىرت قىچىپ يۈرگەن كۇمۇشتەك قۇم دۆۋىلىرى، ئەينەكتەك
قاناتلىرىنى لىپىلدىتىپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن يىڭناغۇچلار ماكان تۇتقان
سۇزۇك دالا باشلانغاندا جىم ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقان ئاتام بېشىنى
كۆتۈرۈپ تاغىل ئۆكۈزنى «چۇھ» دەپ ئىتتىكلىتىپ قويدى - دە،
ناخشىسىنى باشلىدى:

ئورماڭنى تولا ئورۇپ
قولۇم تېشىلىپ ئاقتى.
مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
بىچارە ئانام باقتى.

ھويلاڭدىكى ئۇجمەڭنىڭ
بىر شاخى راۋاب بولدى.

سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرەك - باغرىم كاۋاپ بولدى.

نېرىدا پارقىراپ تۇرغان زەيكەشلەر كۆن نۇرىدا چاقناپ ئاجايىپ چىرايلىق تۇسكە كىرگەنىدى. كۆككە بىر ئۇچۇپ، بىر پەسىيىپ يەنە تويۇقسىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ بىردىنلا پەسكە شۇڭغۇپ سۇغا تۇمشۇقىنى تىقىپ بېلىق ئوۋلاتقان بېلىقئالغۇچلار، قاناتلىرىنى سوزۇپ - سوزۇپ سۇ يۈزىدە لەيلەپ ئۇچۇۋاتقان ئاقچاپاق، قاشقالداقلار ئاۋازىنى غەيرىي چىقىرىپ ئالىتاغىل غاقىلدىشاتتى. سازلىق بويىدىكى سارغۇچ چىمىلىقتا باغلاپ قويۇلغان ھورۇن ئېشەكلەر قۇيرۇقلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن شىپاڭلىتىپ تېقىمىدىكى بېزەك چىۋىنلەرنى قورۇيتتى. ئاسماندا قاتار تىزىلىپ كېلىۋاتقان ھاڭگىرتلار نېمىدىندۇر ئۈركىگەندەك تەڭلار ئەتراپقا قارىشاتتى.

كۆن تىكلىشىپ ھەممە نەرسە مۆگدەپ قالغاندەك جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرغاندا، پەقەت ئاتامنىڭ مۆڭلۈق ناخشىسىلا تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، ئۇ تىزىغىچە تۇرۇۋالغان ئىشتىنىنى كالا ھەيدەيدىغان چىۋىق بىلەن يۇقىرىغا تارتىپ قويۇپ «چۇھ» دەپ قوياتتى - دە، يەنە ناخشىسىنى داۋام قىلاتتى. مەن ئولتۇرۇپ بېلىم ئاغرىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئاتامنىڭ يېنىغا قىڭغايدىم - دە، ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم. كۆزلىرىم كۆكتە ئاستا ئۈزۈپ يۈرگەن بىغەم بۇلۇتلارغا چۈشتى. ئاتام يىرىك قوللىرى بىلەن ئاندا - مۇندا تۈكلەر ئۆسۈشكە باشلىغان ئېڭىكىمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ بارلىق غەم - ئەندىشىسى، ئازاب - ئوقۇبەت، خۇشاللىق ۋە قايغۇسىنى ھەمدە سېھىرلىق ياشلىقىنى ئەسلىتىدىغان مۆڭلۈق ناخشىسىنى ئېيتماقتا.

بۇغداي تېرىدىم توڭدا،
قوشقاچ يەيدىكەن ئوڭدا.
سەن يارىمنىڭ ۋاقتىدا،
تامبال قالمىدى قوڭدا.

مېنىڭ كۆزۈم تويۇقسىز ئاتامنىڭ كۆزلىرىدە يالتىراپ قالغان ئىككى تامچە ياشقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ زادى نېمىگە يىغلىغاندۇ؟ مۇشۇنداق جاپالىق كۈنلىرىنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىشىنى بىلەلمەي، بىزنى ياخشىراق كۈنگە ئۇلاشتۇرالماي قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، خۇداغا ئۈنسىز ئىلتىجا قىلىپ يىغلاۋاتقانمىدۇ؟ ياكى ئۆمرىدە تارتقان بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئويلاپ ئۆتۈپ كەتكەن مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ناخشا بىلەن بايان قىلىپ بولالىماي، ئىچىگە پاتمىغان پەرىغانلىرىنى مۇشۇ ئادەمسىز دالاغا تۆكۈپ يىغلاۋاتقانمىدۇ؟... ئۇنىڭ يىرىك ساقاللىرى ئاستىدىكى كېكىردىكى خۇددى ئىنچىكە يوللۇق چىپەرقۇتتەك قويۇق قورۇقلار بىلەن تارتىشىپ، لەشتەك بولۇپ قالغان نېپىز تېرىسى تىنىمسىز لىپىلدايتتى. مەن ئاتامنىڭ قېرىلىق يەتكەن گەۋدىسىگە قاراپ يېتىۋەرگۈم كەلمىگەندەك ئاستا ئۆرە بولۇپ ئولتۇردۇم.

نېرىدا قويۇق بىر باغ كۆرۈندى. ئۇنىڭ نېرىسىدا بولسا ئاران قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان خۇددى مەڭگۈلۈك سۈكۈتكە چۆمگەندەك غادايغان تەڭرىتاغلىرى غۇۋا كۆرۈنمەكتە. باغنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق جانلىق كۆرۈنمەيدۇ. شىمالىي تەرەپكە سۇرۇلگەنچە ئېگىز سېغىز تۇپىدىن ھاسىل بولغان دەريانىڭ غەربى تەرىپىدە چوخچىيىپ تۇرغان بىر كاھىشلىق ئۆي كۆرۈندى.

— كەلدۇق ئوغلۇم، — دېدى ئاتام ئېغىر تىنىپ. مەن ئېغىرلاشقان گەۋدەمنى كۆتۈرۈپ باياتىنقى خىياللىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندەك يېنىكلەپ قالدىم.

## 3

ئىسكىلاتقا ۋاقىتىنچە قاراپ تۇرغان ئىككى كۆزەتچى نەرسە - كېرەكلىرىنى بىز كەلگەن هارۋىغا تاشلاپ مەھەللە ياققا قاراپ كېتىپ قالدى. ئاتامغا ئەگىشىپ مەن يوتقان - كۆرپە، قاچا -

قوموچلارنى ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى سايە يەرگە چۈشۈردۈم. ئاتام بايىلا ھېلىقىلاردىن ئۆتكۈزۈۋالغان ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ يۈرۈپ ئىسكىلاتنىڭ ئېغىر چويۈن قۇلۇپلىرىنى بىر- بىرلەپ ئېچىپ تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاندىن پېشانىسىدىكى مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەرنى قولى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ:

— قورسىقىڭ تازا ئېچىپ كەتكەندۇ - ھە؟ — دەپ سورىدى.

— ياق ئاتا، بىردەم تۇرۇپ نان يېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدىمەن ئۇزاقتىن بۇيان تۇنجى قېتىم ھارۋىغا چىقىپ سەپەر قىلغانلىقىمنىڭ خۇشاللىقىدا.

ئىسكىلاتتىن ئانچە يىراق بولمىغان باغ قايسىدۇر بىر چاغلاردا ئاللىكىملەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئەمدى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلگەنىدى. ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان قاشا - چىتلاقلىرىمۇ يوق، يېلىم چىقىپ كەتكەن ئۆرۈك، سۆرغاق شاپتۇللارنىڭ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ كەتكەن ئىدى. دەريا تەرەپتىكى ئازراق ئوچۇقچىلىق كونا كېسەك ئەسكى تامنىڭ ئىزنالىرى بىلەن چوخچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا بېلى ئېگىلىپ ئۇچلىرى يەرگە تېگىپ قالغان 20 ~ 80 تۇپ جىگدە تېخىمۇ مۇڭلۇق بىر تۇستە بۇ باغنى قورۇقداپ تۇراتتى. پەقەت شىمال تەرىپىدىكى بىر سەينا چوڭلۇقىدىكى سايىدا ئېگىز زەرەك دۆڭنىڭ تېگىدىن سىرغىپ چىقىپ تۇرغان بىر بۇلاق بولۇپ، بىلەكتىن چوڭراق سۇپسۈزۈك سۈيى ئاستا ئېقىپ بېرىپ ھېلىقى چۇمۇلە بېسىپ كەتكەن قۇمساڭغۇ يەرگىچە ئارىلىقتا ئۇدۇللۇق يەرگە سىڭىپ باراتتى. قارىماققا بۇ باغنىڭ شۇنچىلىك كۆكىرىپ تۇرۇشىغا مۇشۇ بۇلاقلا نەملىك يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى. ھارۋا يولىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بوشلۇقتا ئۆي ئېگىزلىكىدىكى بىر جۈپ قۇم دۆۋىسى قىزىق ئاپتاپقا قاقلىنىپ گويا بىر جۈپ غايەت زور ئەمچەكتەك چوخچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۈپدۈگىلەك بولۇپ ئۆسكەن ياپپېشىل ئېشەكقومۇشلىرى غۇجمەكلىشىپ

قۇمنىڭ تېگىدىن نەملىكنى شورايتتى، تېخىمۇ نېرىدا بولسا تىك چۈشكەن كۈن نۇرىدا سارغىيىپ تۇرغان چەكسىز ئېگىزلىق كۆكۈلگە بىر خىل يېقىمسىز تۇيغۇ بېغىشلاپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— بۇ كىمنىڭ بېغى ئاتا، — دەپ سورىدىم. شۇنچە چوڭ باغنىڭ ئىگىسىز تاشلىنىپ قالغىنىغا زادى ئەقلىم يەتمەي ئەجەبلىنىپ.

— بۇ ئەسلي رۇسۇلباينىڭ بېغى بولىدىغان بالام، ئاۋۇ يارلىقتىكى كونا تۈگمەننىڭ ئىزىنى كۆردۈڭمۇ؟

مەن يۈگۈرۈپ گىرۋەككە بېرىپ دەريانىڭ بىرلىشىپ كەتكەن يارلىقىغا قارىدىم، ئۇ يەردە بىر كونا كەپىنىڭ ئىزى، ياندا چۈۋۈلغان بىر ياغاچ چاقپېلەك ۋە گىرۋىكى خېلىلا يوغان پۇچىلىنىپ كەتكەن تۈگمەن تېشى يېرىم لايغا پاتقان هالدا تاشلىنىپ تۇراتتى.

— كۆردۈم، — دېدىم يەنە يۈگۈرۈپ ئورنۇمغا كېلىپ.

— كېيىن دەريا قىنى پەسلەپ بۇ يەرگە سۇ چىقماس بولۇپ كەتتى. تۈگمەندە ئۇن تارتقۇزىدىغانلارمۇ ئازايدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسۇل ئاخۇن بۇ يەرنى تاشلاپ شەھەردىكى باي خوتۇنغا ئۆيلەندى- دە، بىراقلا كۆچۈپ كىرىپ كەتتى. كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى بىلمىدۇق بالام، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ باغ مۇشۇنداق قاغجىراپ تۇرىدىغۇ.

بىز بىر پارچىدىن ناننى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يېگەندىن كېيىن، ئاتام باغ ئەتراپىدىكى جىگدە - چاتقاللاردىن شاخ كېسىپ كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىسكىلاتقا يېقىنراق يەرگە ئاددىي كەپىلىك ئورۇن تەييارلىماقچى بولدى. مەن باغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ يىلىم بېسىپ كەتكەن سۇرغاق شاپتۇل ۋە ئالمىلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدىم. بۇ يەردە مەن بىلەن ئاتامدىن باشقا ئادەم بولمىغاچقا، پەقەت كۈننىڭ بارا - بارا غەربكە يۆتكىلىشى، دەرەخ سايىسىنىڭ تېخىمۇ ئۇزىرىپ بېرىشىنى، يىراقتىن ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ياۋا قۇشلارنىڭ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ غاقىلدىشى ۋە دەريا بويىدىكى پور توپىلاڭدا يېتىپ ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىۋاتقان ئاق قۇشقاچلارنىڭ تو-

رۇپ - تۇرۇپ توپا توزىتىپ گۈرگىنىپ قويۇشىنى يىراقتىن تاماشا قىلىشلار ماڭا ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇن بولۇپ تۇيۇلاتتى.

## 4

ئاتامغا ھەقىقەتەن قېرىلىق يېتىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئەتراپتىن چاتاپ ئېلىپ كەلگەن شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىپ، ئىككىمىز پانتۇدەك قىلىپ ئىچىگە كىگىزنى سېلىپ ئەپچىل بىر كەپە ياسىغان بولۇپ، ئۆزىمۇ ئاشۇ كەپىگىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى. بىز كەلگەن 10 كۈندىن بېرى ھايات ئوخشاش بىر خىللا داۋاملىشىۋاتاتتى. ئىسكىلاتنى يوقلاش، قۇمغا قاقلىنىش، دەريا بويىنى ئايلىنىش...

بۇ يەر بەك چەت شۇنداقلا ناھايىتى خىلۋەت ماكان بولغاچقا، غەيرىي بىرەرسىنىڭ كېلىپ ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز ئىدى. شۇڭا، ئاتام پات - پات ئىسكىلاتقا كىرىپ بوغدايلارنىڭ نەملىكىنى تەكشۈرۈپ قويغاندىن باشقا ئىشلاردىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولاتتى. ئاتام پەقەت بۇرۇندىن ئىشلەپ ھەرىكەت قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم بولغاچقا جىم ئولتۇرسا ئىچى پۇشۇپ قالامدۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئىسكىلات ئەتراپىنى ئايلىنىپ تامنىڭ بىرەر يېرىدىن چاك كەتتىمۇ يوق، دېگەندەك سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. لېكىن، تام تۈۋىدىكى يۇمران نوتىلار كۆكلەپ قالغان ئاقۇچ قۇمساڭغۇ توپىدا توپ - توپ چۇمۇلىلەر ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان نەرسىلەرنى پىداكارلىق بىلەن كۆتۈرۈپ ئالدىراش كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە ئاندىن خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ بېلىنى رۇسلايتتى.

كىشىنى بىزار قىلىدىغان شۇنداقلا يەنە ئارامسىزلانغان تۇيغۇلارنى تىنچلاندۇرىدىغان جىمجىتلىق قاپلىغان بۇ يەرنى پەقەت باغنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يارلىققا تاكى ئۇپۇققىچە يېيىلغان دەريانىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ شاۋقۇنلاپ قويۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل ئاۋازلا



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com